# 624 ـ چوڭ گۇناھتىن تەۋبە قىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ دىنىمىزدا چەكلەنگەن گۇناھنى ئىشلەپ سالدىم بۇ ھالەتتە قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. مەن ھازىر، ئىشلىگەن قەبىھ قىلمىشىمغا تەۋبە قىلىشنى خالايمەن. قۇرئان كەرىمدىكى نۇر سۈرىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، مەندە ئىپپەتلىك، نومۇسنى ساقلىغان مۇسۇلمان قىز بىلەن نىكاھلىنالمايدىكەنمەن دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مېنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم، جانابى ئاللاھنىڭ مىنى دوزاخ ئوتىدا ئازابلىشىنى يەڭگىللىتىشى ئۈچۈن دۇئادا بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارچە ھەمدۇ_سانا ئۇلۇغ ئاللاھقا خاستۇر.

1- جانابى ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ. قۇرئان كەرىم سۈرە زۇمەر 53-ئايىتىنى ئوقۇڭ ۋە تەپەككۇر قىلىڭ. جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

2- سىز تەۋبىڭىزنى خالىس نىيەت بىلەن جانابى ئاللاھقا يۈزلىنىپ تەۋبە قىلىڭ. سىزنى ھارام ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغان ھەر تۈرلۈك ۋاسىتىلەردىن يىراق بولۇڭ، ياخشى ئەمەل گۇناھلارنى يۇيۇپ تاشلايدۇ.

3- ئەگەر سىز، ئىشلىگەن گۇناھلىرىڭىزغا چىن دىلىڭىزدىن تەۋبە قىلغان بولسىڭىز، سىزدىن زىناخور دېگەن نام ئېلىپ تاشلىنىدۇ ۋە پاك، ئىپپەتلىك مۇسۇلمان قىز بىلەن نىكاھلىنالايسىز.

4- مۆمىننىڭ ھىممەت ئۈمىدى ئۈستۈن بولۇشى كېرەك ئۇ پەقەت جانابى ئاللاھتىن دوزاخنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى دوزاخ ئوتىدىن ئازات قىلىشىنى سورىشى لازىم.

مۇسۇلمان ياخشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىدىن سادىر بولغان گۇناھلارغا تەۋبە ئىستىغپار ئېيتىپ، جانابى ئاللاھتىن جەننەتكە بولۇپمۇ "پىردەۋسۇل ئەئلا"غا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشى كېرەك.